# 37706 - رامزاندا خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

## سوئال

رامزاندا خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش توغرىمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

رامزاندا ئەتىر ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىدىكى خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش دۇرۇس بولۇپ، بۇ نەرسىلەر روزىنى بۇزمايدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتىدىن بۇ ھەقتە سورالغىنىدا، مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: **«ئەتىر ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش رامزان روزىسى ياكى نەپلە روزىلارنى بۇزمايدۇ»**.

يەنە مۇنداق دېيىلگەن: **«روزا تۇتقان كىشى رامزاننىڭ كۈندۈزىدە ھەرقانداق خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتسە روزىدارنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ،لېكىن زوربدار يۇمشىتىلغان مىسكى-ئەنبەر ۋە بۇرۇن ئارقىلىق سۈمۈرۈپ لەززەتلىنىلغان سوقالغان ياكى كويدۇرۇپ ھىدلىنىدىغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم»**دائىمى كومىتېت پەتىۋاسى 10271.

ئەللامە شەيخ ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «روزىدار ئۈچۈن رامزان ئېيىدا ئەتتىگەندىن تارتىپ تا كەچ كىرگىچە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ياكى مايلىنىش دۇرۇس، بۇرۇن ئارقىلىق سۈمۈرۈپ لەززەتلىنىدىغان سوقۇلغان ياكى كويدۇرۇپ ھىدلىنىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشى كېرەك، چۈنكى بۇنداق نەرسىلەرنىڭ پارچىلىرى، بۇرۇن ئارقىلىق سۈمۈرگەندە دىمىقىدىن ئاشقازانغا كېتىپ قېلىش ئېھتىماللىقى يۇقىرىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قەيت ئىبنى سەبرە رەزىيەللاھۇئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: **«روزا تۇتمىغان ۋاقىتلاردا بۇرۇنغا سۇ ئىلىشتا ۋايىغا يەتكۈزگىن»** ئىسلام ئاساسلىرى پەتىۋالىرى ناملىق ئەسەر 469-بەت.